# ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرايلى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئۆلگىلەر، نەمۇنىچىلارغا بولغان ھۆرمىتىنى نامايان قىلدى. ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋە ئىلغار خىزمەتچىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۈلگىلىك ھەرىكىتى ۋە ئالىيجاناب پەزىلىتى ئارقىلىق، جۇڭگو خەلقىدە بار بولغان ئۇلۇغ ئىجادچانلىق روھى، ئۇلۇغ كۈرەش روھى، ئۇلۇغ ئىتتىپاقلىق روھى، ئۇلۇغ ئارزۇ روھىنى جانلىق شەرھلەپ، ۋەتەنپەرۋەرلىكنى يادرو قىلغان مىللەت روھى ۋە ئىسلاھات، يېڭىلىق يارىتىشنى يادرو قىلغان دەۋر روھىنى تولۇق نامايان قىلدى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: «خەلق تارىخنى يارىتىدۇ، ئەمگەك كەلگۈسىنى بەرپا قىلىدۇ.» بۈگۈنكى دۇنيا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنى باشتىن كەچۈرمەكتە، دۆلىتىمىز جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئاچقۇچلۇق مەزگىلىدە تۇرماقتا. «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە دۆلىتىمىز يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرىدۇ، بۇ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش، ئىككىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىغا يۈرۈش قىلىش باسقۇچى بولۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىدە ئابىدىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا دۆلىتىمىزنىڭ يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرىش ئۇلۇغۋار پىلانى تۈزۈپ چىقىلىپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى بەش يىل، ھەتتا تېخىمۇ ئۇزاق مەزگىلدىكى دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھەرىكەت كۆرسەتمىسى بېكىتىلدى. ئۇلۇغۋار پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئەمگەك ـ ئىجاد قىلىشقا تايىنىش كېرەك. يېڭى دەۋردە جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، يېڭى مۇساپىنى باشلاشتا، جەزمەن خەلققە چىڭ تايىنىپ، باشتىن ـ ئاخىر خەلقنى كۆزلەپ، جەزمەن تىرىشىپ ئەمگەك قىلىش، سەممىي ئەمگەك قىلىش، ئىجادىي ئەمگەك قىلىشقا تايىنىپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشنىڭ يېڭى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قۇدرەتلىك ئاكتىپ كۈچ مۇجەسسەملەش كېرەك. پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلق ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى روھى، ئەمگەك روھى، ھۈنەرۋەن روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ، بىرلا غەيرەتكە كېلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەرەلىدە غەلىبە قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەتنى قەرەلىدە قۇرۇپ چىقىش، بىرىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلاشقا پۇختا ئاساس سېلىشى كېرەك.

«قۇرۇق گەپ دۆلەت ئىشلىرىنى ئاقسىتىدۇ، ئەمەلىي ئىشلەش دۆلەتنى گۈللەندۈرىدۇ»، ئەمەلىي ئىشلەشتە ئالدى بىلەن پۇختا ئەمگەك قىلىش كېرەك. زامانىمىزدىكى جۇڭگودا ئىشچىلار سىنىپى ۋە كەڭ ئەمگەكچى ئامما باشتىن ـ ئاخىر دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدىغان، جەمئىيەتنىڭ تىنچلىقى، ئىتتىپاقلىقىنى قوغدايدىغان تۈپ كۈچ بولۇپ كەلدى. كەلگۈسىگە يۈزلەنگەندە، دەۋر شارائىتىدا قانداق ئۆزگىرىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىز باشتىن ـ ئاخىر ئەمگەكنى قەدىرلىشىمىز، ئەمگەكچىلەرنى ھۆرمەتلىشىمىز، ئىشچىلار سىنىپى ۋە كەڭ ئەمگەكچى ئاممىنىڭ ئاساسىي قوشۇنلۇق رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا باشتىن ـ ئاخىر ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. ئەمگەكنى ھۆرمەتلەش، بىلىمنى ھۆرمەتلەش، ئىختىساسلىقلارنى ھۆرمەتلەش، ئىجادىيەتنى ھۆرمەتلەش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، بىلىم تېپىدىكى، ماھارەت تېپىدىكى، يېڭىلىق يارىتىش تېپىدىكى ئەمگەكچىلەر چوڭ قوشۇنى قۇرۇپ، پۈتكۈل جەمئىيەتتىكىلەرنىڭ ئەمگەكنى قىزغىن سۆيۈشى، ئەمگەككە ئاتلىنىشى، ئىش ئورنىنى سۆيۈپ، كەسپىنى قەدىرلىشىگە تۈرتكە بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئوتتەك قىزغىن ئەمەلىيىتىگە پائال ئاتلىنىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ئەقىل ـ پاراسەت ۋە كۈچ قوشۇش كېرەك. كەڭ ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋە ئىلغار خىزمەتچىلەر ئۆز خىزمەت ئورنىدا جان تىكىپ كۈرەش قىلىپ، ئىشلەش ئىرادىسى، بۆسۈش ھاسىل قىلىش ئىرادىسى، تەتقىق قىلىش ئىرادىسى ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنى ئىلھاملاندۇرۇپ، تىرىشىپ ئىش قىلىش، تىرىشچان ئادەم بولۇش، تىرىشىپ ئىشلەپ بېيىشنى پۈتكۈل جەمئىيەتتە ئەۋج ئالدۇرۇپ ئومۇمىي كەيپىياتقا ئايلاندۇرۇپ، كەڭ ئەمگەكچى ئاممىنى تىرىشىپ يېڭى دەۋرنىڭ كۈرەش قىلغۇچىلىرىدىن بولۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك. خەلق ئاممىسىنىڭ باش ئىجادىيەتچىلىك روھىغا ھۆرمەت قىلىپ، ئەمگەكچىلەرنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، ئەمگەكچىلەرنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلىپ، ئەمگەكچىلەرنىڭ تەرەققىياتقا قاتنىشىشى، تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن بەھرىمەن بولۇشىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان توسالغۇلارنى تۈگىتىپ، تىرىشىپ ئەمگەكچىلەرنى قەدىر ـ قىممىتى بىلەن ئەمگەك قىلىش، ئومۇميۈزلۈك يۈكسىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك.

ئەمگەك ئەڭ شەرەپلىك، ئەمگەك ئەڭ يۈكسەك، ئەمگەك ئەڭ ئۇلۇغ، ئەمگەك ئەڭ گۈزەل. بىز يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى روھى، ئەمگەك روھى، ھۈنەرۋەن روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە بولۇپ، قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلىپ، خەۋپ ـ خەتەر، توسالغۇلاردىن قورقماي، باتۇرلۇق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، سەممىي ئەمگەك قىلىش، تىرىشىپ خىزمەت قىلىش ئارقىلىق تېخىمۇ بەختلىك، گۈزەل تۇرمۇش يارىتىپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىدە يېڭى، تېخىمۇ زور مۆجىزىلەرنى يارىتايلى.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

# پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىدىن لېكسىيە سۆزلىدى.

نۇرلان ئابىلمەجىن 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشقا بىرلەشتۈرۈپ، نۆۋەتتىكى ھالدا يېڭى تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرى، يېڭى تەرەققىيات باسقۇچى، يېڭى تەرەققىيات نىشانى، يېڭى تەرەققىيات كۆرسەتمىسى، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسى، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى، يېڭى تەرەققىيات ۋەزىپىسى، يېڭى تەرەققىيات كاپالىتىدىن ئىبارەت سەككىز جەھەتتىن پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى سىستېمىلىق شەرھلىدى ۋە چوڭقۇر چۈشەندۈردى.

نۇرلان ئابىلمەجىن مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى دۆلىتىمىز يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرىش ئالدىدا تۇرغان، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئاچقۇچلۇق مەزگىلدە تۇرۇۋاتقان پەيتتە ئېچىلغان پۈتۈن ۋەزىيەت خاراكتېرلىك، تارىخىي خاراكتېرلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بىر قېتىملىق يىغىن. باش شۇجى شى جىنپىڭ ئومۇمىي يىغىندا قىلغان مۇھىم سۆزدە يۆنىلىش خاراكتېرلىك، تۈپ خاراكتېرلىك، ئىستراتېگىيە خاراكتېرلىك بىر يۈرۈش مۇھىم، زور مەسىلىلەرگە ئىلمىي جاۋاب بېرىپ، نۇرغۇن يېڭى ئىدىيە، يېڭى قاراش، يېڭى ھۆكۈم، يېڭى تەلەپلەرنى ئىجادىي ئوتتۇرىغا قويۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىش، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشنىڭ يېڭى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئىلمىي كۆرسەتمە ۋە تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى. «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ھەقىقىي تۈردە سىياسىي كېڭەشنىڭ دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇشتەك خاس ئەۋزەللىكىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، باتۇرلۇق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەتىجە يارىتىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەش كېرەك.

نۇرلان ئابىلمەجىن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: «13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە دۆلىتىمىز تەرەققىياتىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇھىم، زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى توغرا ئىگىلەپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدىكى ۋەزىيەتكە بولغان ئىلمىي ھۆكۈمىنى توغرا ئىگىلەپ، «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدىكى دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا بولغان يېتەكچى ئىدىيەسى، ئاساسىي پرىنسىپى ۋە نىشان ـ تەلەپلىرىنى توغرا ئىگىلەپ، ئاڭلىق ھالدا سىياسىي كېڭەش خىزمىتىنى «ئىككى چوڭ ۋەزىيەت»كە ۋە يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش پۈتۈن ۋەزىيىتىگە قويۇپ ئويلىشىپ، مەخسۇس كېڭىشىش ئاپپاراتى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، مول نەتىجە ـ ئۈنۈمگە ئىگە بولغان مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش ئەمەلىيىتى ئارقىلىق، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ شىنجاڭدا ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشى، ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسى ئارقىلىق سىياسىي كېڭەش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش، چارە ـ تەدبىر كۆرسىتىشتە تېخىمۇ ياخشى ھالدا دەۋر خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۈرۈش، قانۇنىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش، ئىجادچانلىقنى بېيىتىش كېرەك. مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش ئارقىلىق يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن چارە ـ تەدبىر كۆرسىتىش، ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەش، كۈچ توپلاش كېرەك. پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى پۇختا تۇرغۇزۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەش، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش قاتارلىق ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىككە مۇناسىۋەتلىك چوڭقۇر قاتلاملىق مەسىلىلەردە دىققەتنى كۆپەيتىشكە مەركەزلەشتۈرۈپ، سىياسىي كېڭەشنىڭ يېڭى نەتىجىلىرىنى نامايان قىلىش كېرەك. پارتىيەنىڭ سىياسىي كېڭەش خىزمىتىگە بولغان ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىدە قىلچە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇشنى نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىقنى ئالغا سىلجىتىش، تۈزۈم ـ مېخانىزمنى تاكامۇللاشتۇرۇش، قوشۇن قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش قاتارلىق ھەرقايسى جەھەتلەردە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سىياسىي كېڭەش خىزمىتىنىڭ باشتىن ـ ئاخىر توغرا يۆنىلىشنى بويلاپ ئىلگىرىلىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئىلھام سابىر لېكسىيە دوكلاتى يىغىنىغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ھەرقايسى تارماقلار ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يۈكسەك ئىدىيە ئاڭلىقلىقى، سىياسىي ئاڭلىقلىق، ھەرىكەت ئاڭلىقلىقى بىلەن پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، بىڭتۇەندە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە يىغىن روھىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش قىزغىن دولقۇنىنى شەكىللەندۈرۈپ، كەڭ كادىرلار، ئاممىنى ئەمەلىي ھەرىكەتتى ئارقىلىق بىڭتۇەننىڭ ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتى، بۇرچىنى ئادا قىلىشقا، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىغا مۇلازىمەت قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، يېڭى دەۋردە بىڭتۇەننىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش كېرەك.

ۋاڭ جۈنجېڭ ئۆزىنىڭ ئۆگىنىش تەسىراتى ۋە بىڭتۇەننىڭ خىزمەت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر چۈشەندۈردى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ پۈتۈن ۋەزىيەت خاراكتېرلىك ۋە تارىخىي خاراكتېرلىك ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇپ، ئەستايىدىل ئۆزلەشتۈرۈپ، «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان تەكلىپىگە باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يۈرەك قېنى ۋە يىراقنى كۆزلەپ پۇختا پىلان تۈزگەنلىكى مۇجەسسەملەنگەنلىكىنى، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئەقىل ـ پاراستى مۇجەسسەملەنگەنلىكىنى تولۇق تونۇپ، چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، دۆلىتىمىزنىڭ يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويغانلىقىنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتى، پايدىلىق شارائىتى ۋە مۇھىم ئالاھىدىلىكىنى تولۇق تونۇپ، دەل جايىدا ئىگىلەپ، 2035 ـ يىلىغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان ۋە «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدىكى دۆلىتىمىز تەرەققىياتىنىڭ يېتەكچى فاڭجېنى، ئاساسلىق نىشانى، نۇقتىلىق ۋەزىپىسىنى تولۇق تونۇپ، دەل جايىدا ئىگىلەپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشنىڭ ئىستراتېگىيەلىك تەسەۋۋۇرى ۋە مۇھىم كۈچەش نۇقتىسىنى تولۇق تونۇپ، مەھكەم ئىگىلەپ، پارتىيەنىڭ ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىنى تولۇق تونۇپ ۋە ئۇنىڭدا قەتئىي تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ كۈچىنى «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان ۋە 2035 ـ يىلىغىچە بولغان كەلگۈسى نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىپ، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا ئورۇنلاشتۇرما قىلىنغان تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنىڭ بىڭتۇەندە كەم ـ كۈتىسىز ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

ۋاڭ جۈنجېڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى بىرتۇتاش ئىگىلەشتە چىڭ تۇرۇپ، يېڭى دەۋردە بىڭتۇەننىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تىرىشىپ تۈرتكە بولۇش كېرەك. بىڭتۇەندىكى ھەر دەرىجىلىك، ھەرقايسى تارماقلار ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ياخشى ئۆگىنىش، ياخشى تەشۋىق قىلىش، ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇشنى ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ھەقىقىي تۈردە يېڭى دەۋردە بىڭتۇەن ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشتىكى كۈچلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ۋە ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇشى كېرەك. ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، بۇرچ تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، راستچىل ـ ئەمەلىيەتچىل بولۇش ئىستىلى بىلەن ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك؛ دائىملاشقان يۇقۇملۇق ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ئۇزاققىچە ياخشى تۇتۇپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر، ئاممىنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى قەتئىي ياخشى قوغداش كېرەك؛ مۇقىملىقنى قوغداپ چېگرانى مۇھاپىزەت قىلىش ئىقتىدارىنى كۈچەپ ئۆستۈرۈپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل مۇقىم، ئۇزاققىچە مۇقىم بولۇشىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ساقلاش كېرەك؛ يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، بىڭتۇەن ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا ئۈزلۈكسىز تۈرتكە بولۇش كېرەك؛ بىڭتۇەننىڭ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئالغا سىلجىتىپ، بىڭتۇەننىڭ تەشكىلىي ئەۋزەللىكى ۋە سەپەرۋەرلىك ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش كېرەك؛ خەلق تۇرمۇشىنى پۇختا كاپالەتلەندۈرۈپ ۋە ياخشىلاپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر، ئاممىنىڭ خەلق تۇرمۇشى بەخت ـ سائادىتىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇش كېرەك؛ چوڭ ۋەزىيەت ئېڭى ۋە پۈتۈن ۋەزىيەت قارىشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، بىڭتۇەن بىلەن يەرلىكنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى سىجىل ئالغا سىلجىتىش كېرەك؛ مىللەت ۋە دىن خىزمىتىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ياخشى تۇتۇپ، خەلق قەلبىنى ئەڭ زور دەرىجىدە مۇجەسسەملەش كېرەك؛ بىڭتۇەننىڭ «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلانىنى ئىلمىي ياخشى تۈزۈپ، ئۇنى يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىگە پائال سىڭدۈرۈش كېرەك.

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، بىڭتۇەننىڭ سىلىڭيۈەنى پېڭ جيارۇي لېكسىيە يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق 12 ـ نۆۋەتلىك پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇكاپاتى بويىچە مۇكاپاتلانغان نەتىجە ـ تۈرلەر ئېلان قىلىندى ھەم مۇكاپاتلانغان نەتىجە ـ تۈرلەرنىڭ ئاپتورلىرى تەقدىرلەندى. ئاپتونوم رايونلۇق 12 ـ نۆۋەتلىك پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇكاپاتىنى باھالاش خىزمىتى 2018 ـ يىلى 5 ـ ئايدا باشلانغان بولۇپ، جەمئىي 112 تۈرلۈك مۇنەۋۋەر نەتىجە باھالاپ چىقىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭ خىزمىتىنى ئىستراتېگىيە ۋە پۈتۈن ۋەزىيەت يۈكسەكلىكىدىن پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، شىنجاڭنىڭ پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تېپىلغۇسىز تارىخىي پۇرسەت ياراتتى، ئىستىقبالى پارلاق كەڭ بوشلۇق بىلەن تەمىنلىدى. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى كەڭ پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن خىزمەتچىلىرى 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، يادرولۇق مۇھىم مەزمۇنى ۋە روھىي ماھىيىتىنى چوڭقۇر ئىگىلەپ، ھەقىقىي تۈردە كاللىنى قوراللاندۇرۇشى، ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلدۇرۇشى، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇشى كېرەك. بايرىقى روشەن ھالدا ماركسىزمنىڭ يېتەكچىلىك ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىدىن ئىبارەت بۇ 21 ـ ئەسىردىكى ماركسىزمنى، ھازىرقى زامان جۇڭگو ماركسىزمنى ئۆگىنىپ ئىگىلەپ، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈپ، ئەمەلىي ئىشلەپ، پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن خىزمىتىنىڭ توغرا يۆنىلىشىنى مەھكەم ئىگىلەش كېرەك. باشتىن ـ ئاخىر خەلق مەركەز قىلىنغان تەتقىقات يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئاڭلىق ھالدا شەخسلەرنىڭ ئىلمىگە ئىنتىلىشىنى دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ تەرەققىياتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىگە مۇناسىۋەتلىك، پارتىيەمىزنىڭ شىنجاڭدىكى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئاساسىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم، زور نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت مەسىلىلىرىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، ھەل قىلىپ، تەرەققىيات پىلانىنى كۆپلەپ تۈزۈش، دانا تەكلىپلەرنى كۆپلەپ بېرىش، ئەمەلىي تەدبىرلەرنى كۆپلەپ كۆرسىتىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى كەڭ پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن خىزمەتچىلىرى شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، پارتىيە ۋە دۆلەت ئۈچۈن ئىرادە تىكلەشنى نەزەردە تۇتۇپ، 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى تەشۋىق قىلىش، ئومۇملاشتۇرۇشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى «ئاددىي پۇقرالار ئائىلىلەرگە تېز يەتكۈزۈش»نى ئالغا سىلجىتىش كېرەك. ئۇلۇغ دەۋر ئۈچۈن داستان يېزىشنى نەزەردە تۇتۇپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى پۇختىلاش، شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش قاتارلىقلارنى چۆرىدەپ، نەزەرىيە سىستېمىسى، تارىخىي ماتېرىيال سىستېمىسى، سۆز سىستېمىسى، تەدبىر سىستېمىسىنى كۈچەپ بەرپا قىلىش كېرەك. جەمئىيەت ئۈچۈن ئېسىل ئەخلاق ـ پەزىلەت تۇرغۇزۇشنى نەزەردە تۇتۇپ، شىنجاڭ ھېكايىسىنى كۆپ قاتلاملىق، ئەتراپلىق، ئىستېرېئولۇق ياخشى سۆزلەش كېرەك. دۆلەت ئۈچۈن سۆزلەپ نەزەرىيە يارىتىشنى كۆزلەپ، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى خىزمەتلەرنى چوڭقۇر ياخشى ئىشلەپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىشنى ئەقلىي مەدەت ۋە مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەنلەر خىزمىتىنى مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەنلەرنى باھالاش ـ مۇكاپاتلاش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى تۈزۈلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇپ، ئېسىل ئۆگىنىش ئىستىلىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاپپاراتلىرىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەش سالمىقىنى زورايتىپ، شىنجاڭنىڭ پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەنلەر ئىشلىرىدا تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى تيەن ۋېن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. ئاپتونوم رايون ۋە بىڭتۇەن رەھبەرلىرىدىن مانەن زەينەل، سۈن خۇڭمېي، ئىلھام سابىر، لۇ شۈپىڭ يىغىنغا قاتناشتى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)